## كىرىش سۆز

بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى جۇڭگو خەتتاتلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقۇسى ۋە ئۆزگىچە خەتتاتلىق ماھارىتىگە ئىگە ئەزىمەتلەرنىڭ يېتىلىپ چىقىشى بىلەن ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلغۇسى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ئۇيغۇر خەتتاتلىقىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن بىللە يەنە كاتتا خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن ئىكەنلىكى بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىب، شائىرلارنىڭ بىر قىسمى زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرىدىن ئىدى. تارىختا خەتتاتلار ئۆزلىرىگە خاس ئۇسلۇپ ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلىپ، ھەرخىل خەت نۇسخىلىرىنى يارىتىپ سەنئەت غەزىنىسىنى بېيىتقان. ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئىستېتىك زوق ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلماقتا.

ھازىر، كۆپچىلىك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە تالانتلىق خەتتاتلار ئالدىنقىلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، چەت ئەلنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەر خەتتاتلىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدە يېڭى سەۋىيە ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئەجدىھادەك تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارنى، بەزىلىرى كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇت ياكى ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان سۇلارنى، بەزىلىرى شەيئىلەرنىڭ شەكلى - تۈرقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلاردا كۈچلۈك ئىچكى ھېسسىيات ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارەت ئىپادىلەنگەن. شۇڭا قويۇق مىللىي پۇراق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل خەتتاتلىرىنى، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىماقتا.

خەتتاتلار ئۇرغۇپ تۇرغان خۇشاللىق ھېسسىياتى ۋە ئانا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن بۇ توپلامنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغات قىلدى.